# دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن، پەقەت سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بارمىقىنى دېڭىزغا تىقىپ چىقارغىنىغا ئوخشاشتۇر، ئۇ قاراپ باقسۇن، بارمىقى نېمە بىلەن قايتىدۇ؟

مۇستەۋرىد ئىبنى شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن، پەقەت سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بارمىقىنى دېڭىزغا تىقىپ چىقارغىنىغا ئوخشاشتۇر، ئۇ قاراپ باقسۇن، بارمىقى نېمە بىلەن قايتىدۇ؟»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: سەن ئاخىرەتكە نىسبەتەن دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەكچى بولساڭ، بارمىقىڭنى دېڭىز سۈيىگە چىلاپ ئاندىن ئېلىپ باق، ئاندىن قاراپ باق نېمە بىلەن قايتىدۇ؟ دېڭىز سۈيىگە سېلىشتۇرغاندا ھېچ نەرسە بىلەن قايتمايدۇ، بۇ ئاخىرەتكە نىسبەتەن دۇنيا مۇددىتىنىڭ قىسقا ئىكەنلىكى، لەززىتىنىڭ تېز ئاخىرلىشىدىغانلىقى، ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقى، لەززىتىنىڭ ۋە نېمەتلىرىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىدىغانلىقى، دۇنيانىڭ خۇددى بارماقنى سۇغا چىلاپ ئالغانچىلىك ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا: «دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، (پايدىسى) ئاز نەرسىدۇر» [تەۋبە سۈرىسى 38_ئايەت]. دۇنيا نېمەتلىرى ۋە لەززەتلىرىدىن خالايىقلارغا بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭدىن قىسقا ۋاقىت جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلار بىلەن نېمەتلىنىشى، مەلۇم ۋاقىت زىنىنەتلىنىپ باشقىلارغا پەخىرلىنىش، ئاندىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ تېزلىكتە يوق بولۇشى، ئۇنىڭغا ھەسرەت-نادامەتلەرنىڭ ئەگىشىپ كېلىشى: «سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلمىسۇن، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟» مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى دائىملىق نېمەت، ئېسىل تۇرمۇش، ئالىي قەسىر ۋە خۇرسەنلىك ئۆزىنىڭ ئەسلى سۈپىتى، مىقدارى بويىچە باقىدۇر، ياخشىدۇر ۋە ئەبەدىي داۋام قىلغۇچىدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3876

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee